ج ك پ خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كومىتېتى

خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى

ھۆججىتى

خ ي دى (1997) 14- نومۇرلۇق

خ ي تى (1997) 31- نومۇرلۇق

---

## ئابلەت رەجەپ قاتارلىق 14 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى قارار

ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 1993 - يىلدىن بويان يىپەكچىلىك سېخىدىن (3089) مەممەت ئابلا روزى، (91183) مەستۈرە تۇرسۇن، (8170) ئابلا رەجەپ، (88109) مەممەت ئەيسا ياسىن، (85124) پەرىزگۈل توختۇن، ئېنېرگىيە سېخىدىن (84410) جۈرئەت نۇرى، (87400) ئەركىن روزىمەمەت، (87941) يىمىت ئابدۇمەمەت، (95400) ئابلەت ئىمىن، ئارقا يىپەك سېخىدىن (94202) رەجەپنىسا تۇردى باقى، تەييارلىق سېخىدىن (92631) زورىگۈل ئابدۇسلام، (91603) نەبىي ۋېلى، بوياقچىلىق سېخىدىن (87907) ئابلىز ئابدۇخېلىل، ئاپتۇمبىل ئەترىتىدىن (89501) ئابدۇراخمان تۇرسۇن، قاتارلىق 14 كىشى كارخانىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە مۇقىملىقىنى كۆزگە ئىلماي، كارخانىنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىگە ئېتىبارسىز قاراپ، كۆپ قېتىم تەربىيە بېرىلسىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى سادىر قىلدى:

1 - ئەمگەك ئىنتىزامىنى بۇزۇپ، باشقۇرۇشقا بويسۇنماي، كادىرلارنى ھاقارەتلىگەن، 2 - ئۆزى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندىن باشقا باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زور-

لىغان، ۋە تەرغىپ قىلغان، ۋ - مىللەت بۆلگۈنچىلىك سۆزلىرىنى قىلىپ يۈرۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ خاتا سۆز ھەرىكىتى فابرىكىمىزنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇش، تىجارەت پائالىيىتى ۋە موقىملىقىغا ئېغىر ھالداكەتشىلا يەتكۈزدى. نورمال خىزمەت ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقى ۋە كەلتۈرگەن ئاقىۋىتىمۇ ئېغىر. كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپى ۋە فابرىكىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈم ئىنتىزامىغا ئاساسەن جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمما بۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيە بېرىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بىز كېسەللىنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش پىرىنسىپى بويىچە فابرىكا پارتكوم ۋە مەمۇرىيىتى مۇزاكىرە قىلىپ، ۋ- نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئويۇشما ئەزالىرى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ ماقۇللىشى ئارقىلىق «كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاش، جازالاش نىزامى» ۋە «خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى» نىڭ ۋ- باپ ۋ- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن يۇقارقى 14 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىش ئارقىلىق فابرىكا قائىدىسى ۋە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش قارار قىلىندى

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە.

ج ك پ خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كومىتېتى
خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.

1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى